شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 8-ئاي
18
سەيشەنبە
维吾尔文 8 月18日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25157-سان بۈگۈن 4 بەت

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دوختۇرلار قوشۇنىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **سۇ لۇپىڭ، چاۋ جىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە-ساغلاملىق كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، تېببىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، يۇقىرى دەرىجىلىك تېببىي ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دوختۇرلار قوشۇنىنىڭ كەسپىي ساپاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەن. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا رويخەتكە ئېلىنغان دوختۇر 67 مىڭ 400گە يەتكەن. سان ئۈزلۈكسىز كۆپىيىش بىلەن بىللە، دوختۇرلارنىڭ تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، قوشۇنى سىجىل ئەلالاشقان.

دۆلەت داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشىنى يولغا قويۇپ، «دوختۇرخانا بۆلۈمنى ھۆددىگە ئېلىش» ۋەكىللىكىدىكى دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى «قوش ئۆستۈرۈش»نى ئالغا سىلجىتىپ، «كوللېكتىپ كوللېكتىپنى يېتەكلەش،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى 13-نۆۋەتلىك كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 27-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

قەتئىي تۈردە پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك

ۋاڭ خۇنىڭ ئېچىلىش يىغىنىغا قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8-ئاينىڭ 17-كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى 13-نۆۋەتلىك كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 27-قۇرۇلتىيى 8-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ياشلىرى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارغا، چەت ئەللەردىكى كەڭ جۇڭخۇا ياشلىرىغا سەمىمىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق دېدى: بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى، يېتەكچىلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى جاسارەت بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، پائال ئىلگىرىلەپ، كەڭ ياشلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا، ياشلىق خىسلىتىنى نامايان قىلىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ياشلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، بىز پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى سەپىرىگە ئاتلىنىمىز. دۆلىتىمىزدىكى كەڭ ياشلار غايە-ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ئالىيجاناب پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

تەبرىك خەت

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى 13-نۆۋەتلىك كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى ۋە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 27-قۇرۇلتىيى ئېچىلىش پەيتىدە، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ياشلىرى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارغا، چەت ئەللەردىكى كەڭ جۇڭخۇا ياشلىرىغا سەمىمىي سالام يوللايمەن!

بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى، يېتەكچىلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى جاسارەت بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، پائال ئىلگىرىلەپ، كەڭ ياشلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا، ياشلىق خىسلىتىنى نامايان قىلىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ياشلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، بىز پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى سەپىرىگە ئاتلىنىمىز. دۆلىتىمىزدىكى كەڭ ياشلار غايە-ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ئالىيجاناب پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجاد قىلىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يۈز مىليونلىغان خەلق بىلەن بىرلىكتە قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا يېڭى دەۋردىكى ياشلىق ناخشىسىنى پۈتۈشى كېرەك.

ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خىزمىتى پارتىيەنىڭ ياشلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ياشلار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، كەڭ ياشلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، تالانتىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ياشلار خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەڭ ياشلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى قەتئىي تۈردە پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ
2020-يىلى 8-ئاينىڭ 17-كۈنى
(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8-ئاينىڭ 17-كۈنى تېلېگراممىسى)

دىققەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق پەنلەر سىستېمىسى بەرپا قىلىندى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاسپىرانتلار مائارىپى «سۈپەت» «سان» جەھەتتە قوش ئۆستى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز ئالىي مەكتەپ ئاسپىرانتلار مائارىپىنى قانات يايدۇرغان بولۇپ، بۇ، 12 ئاساسىي غول پەن تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق كەسىپ، ساھەلىرىنى قاپلىغان يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئاسپىرانتلار مائارىپىنى قانات يايدۇرغان ئالىي مەكتەپلەردە 1-دەرىجىلىك پەنلەر دوكتورلۇق نۇقتىسىدىن 33ى، دوكتورلۇق كەسپىي ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىسىدىن ئۈچى، 1-دەرىجىلىك پەنلەر ماگىستىرلىق نۇقتىسىدىن 102سى، ماگىستىرلىق كەسپىي ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىسىدىن 70ى قۇرۇلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاسپىرانت قوبۇل قىلىش كۆلىمى سىجىل كېڭەيتىلىپ، 2017-يىلدىكى 6600دىن كۆپرەكتىن بۇ يىلقى 10 مىڭدىن كۆپرەككە كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ئاسپىرانتلار مائارىپى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئەندىزىسى ئىسلاھاتى، ئاسپىرانت يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئىلمىي ئۇنۋان ماقالىسىنىڭ سۈپىتى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ كۆلىمى ۋە سۈپىتىدە قوش ئۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىلىرىنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇش، دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش نۇقتىلىرىنى ھەردكەت ھالىتىدە تەڭشەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش، نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشى پىلانىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

شىنجاڭدىكى 41 جاي پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزا-كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت بولۇپ تاللاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكتوقاي بازىرى تاراتى كەنتى، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ شىكپىڭ بازىرى داشى كەنتى، بىڭتۇەن 12-شىسى تۇدۇڭخابا دېھقانچىلىق مەيدانى 3-لىيەنى قاتارلىق شىنجاڭدىكى 41 جاي مەملىكەت بويىچە 2-تۈركۈمدىكى يېزا-كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت بولۇپ تاللانغان. ھازىرغىچە، شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە يېزا-كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنتتىن 56سى بار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھىرىدە 8-ئاينىڭ 16-كۈنى يېڭىدىن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى كۆرۈلمىدى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا**نىڭ 8-ئاينىڭ 17-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، 8-ئاينىڭ 16-كۈنى سائەت نۆلدىن 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوكلات قىلىنغان يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى نۆل، يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى بىر بولغان. بۇ، 7-ئاينىڭ 15-كۈنى بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇم ئەھۋالىدا

(ئاخىرى 3-بەتتە)

ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 24 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن تۆت يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش-داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 24 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە-ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ

(ئاخىرى 3-بەتتە)

خەۋپ-خەتەر تېخى تۈگىمىدى، يەنىلا قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ

☐ **شىن ياپىڭ**

بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدىن بۇيان، ئۈرۈمچىدە كۈندە يېڭىدىن كۆپىيىۋاتقان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى تۇنجى قېتىم نۆل دوكلات قىلىندى، بۇ خەۋەر كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركەزنىڭ روھى ۋە ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يېتەكلەپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ-تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى، شۇنداقلا بۇ بىزنى بارلىق جاپا-مۇشەققەتنىڭ بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىغا، تىرىشساقلا جاۋابقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشەندۈردى. ئەمما، «نۆل يېڭىدىن كۆپىيىش» خەۋپ-خەتەرنىڭ تۈگىگەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

سۆز ھەممىگە

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

چىڭگىل ناھىيەسى دېھقانلارنى جىغان كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، كۆكەرتىش بىلەن بېيىتىشنى تەڭ گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

«چۆچۈمەل مېۋە» «ئالتۇن جىغان»غا ئايلاندى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ**

8-ئاينىڭ باشلىرىدا، چىڭگىل ناھىيەسىنى كېسىپ ئۆتكەن ئېگىزلىك، جوققىلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان جىغانلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان شىرنىلىك مېۋىدىن ناھىيەنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىدىغان خاس كەسىپكىچە، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى زادى قانچىلىك؟

چىڭگىل ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شۇ جايدىكى تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنى يېتەكلەپ مۇشۇ يولدا مېڭىۋاتقىنىغا 20 يىل بولاي دېدى. بۈگۈنكى كۈندە كەڭ كەتكەن جىغان ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى تېز سۈرئەتتە بەرپا قىلىندى، كۆلەملىك تىجارەت كۆلىمى 2001-يىلدىكى 5000 مودىن تەرەققىي قىلىپ نۆۋەتتىكى 100 مىڭ مودىن كۆپرەككە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ جىغان ھوسۇلى 5000 توننىدىن ئاشتى.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز بىر ناھىيە كۆكەرتىش بىلەن بېيىتىشنى تەڭ گۈللەندۈرۈش يولىغا ماڭدى.

ئەتلىك جىغان مېۋىلىرىنىڭ شاخلارنى ئېگىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، چاغانغۇل يېزىسى كۆكئۆي كەنتىدىكى تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسى بولغان ۋاڭ جۈنخۇانىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كىچىك ۋاقتىدا بۇ خىل مېۋىنى كۆپ ئۇچرىتاتتى، «قىرتاق ھەم بەك چۆچۈمەل بولغاچقا، نۇرغۇن كىشى ئۇنى يەپ ئادەتلەنمىگەن بولۇپ، ‹چۆچۈمەل مېۋە› دەپ ئاتايتتى، ئادەتتە ھاراققا چىلاشقا ئىشلىتەتتى».

چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز بولۇپ، ئەينى چاغدا نۇرغۇن دېھقان-چارۋىچى ماتېرىيال قىلغىلى بولىدىغان تېرەك تىكىشنى تەلەپ قىلغانىدى،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

خاس تېرىقچىلىقتا قانداق كۈچەش كېرەك ①

[تەھرىر ئىزاھاتى]

«كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، كەسىپ گۈللەنگەندىلا، يۇرتداشلارنىڭ كىرىمى ئاندىن مۇقىم ئاشىدۇ.» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، خاس تېرىقچىلىقتا، كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېزا-كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر كەسىپنى ياخشى راۋاجلاندۇرغاندىلا، بىر تەرەپنىڭ ئىقتىسادىغا تۈرتكە بولۇپ، شۇ جاينىڭ پۇقرالىرىنى بېيىتقىلى بولىدۇ.

بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «خاس تېرىقچىلىقتا قانداق كۈچەش كېرەك» سەھىپىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىپ، دىققەتنى ھەرقايسى جايلارنىڭ خاس كەسىپلەرنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈپ زورايتىشىغا، ئاپتونوم رايونىمىز ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق كېڭەيتىش ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتكە مەركەزلەشتۈرىمىز.



شىنجاڭ جۇڭكې جىغان پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا مەھسۇلاتلارنى يەشكەلەرگە قاچىلىماقتا (7-ئاينىڭ 13-كۈنى تارتىلغان). ☐ لى شۆلى فوتوسى

پىشقان جىغان مېۋىسى. ☐ لى شۆلى فوتوسى

داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش

جىغان يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال بولۇپ، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، قۇم-بورانغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. يېمەكلىك ۋە دورا سۈپىتىدە تەڭ پايدىلىنىشقا بولىدۇ، تەركىبىدە كۆپ خىل تەبىئىي ۋىتامىن مول. ئاپتونوم رايونىمىز جىغان ئۆستۈرۈشنى نۇقتىلىق ھالدا ئالتاي ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى يەتتە ناھىيەگە ئورۇنلاشتۇردى.

2022-يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جىغان ئۆستۈرۈش كۆلىمىنى 500 مىڭ موغا يەتكۈزۈش، ھوسۇلىنى 30 مىڭ توننا ئەتراپىغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى. 2025-يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جىغان ئۆستۈرۈش كۆلىمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ 1 مىليون موغا، ھوسۇلىنى 80 مىڭ توننا ئەتراپىغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى.